السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىنى نەزىر قىلىش، ئازات قىلىش ۋە تالاق قىلىش ھەققى بولمايدۇ

ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىنى نەزىر قىلىش، ئازات قىلىش ۋە تالاق قىلىش ھەققى بولمايدۇ»

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىدە قىلغان ئىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ۋە ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، «ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولمىغان نەرسىنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس» دېيىلگەن ئىشلار قاتارىغا نەزرە قىلىشمۇ كىرىدىغان بولۇپ، نەزىر قىلغۇچى نەزىر قىلغان ۋاقىتتا ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان نەرسىدە قىلغان نەزىرىسى توغرا ئەمەس، ھەم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، كېيىن ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ قىلغان نەزىرىسىگە ۋاپا قىلىش كېرەك ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭغا كاپارەت بەرمىسىمۇ بولىدۇ. قۇل ئازات قىلىشمۇ شۇنىڭدەك بولۇپ، ئىشنى ئۆز ئورنىدا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان قۇلنى ئازات قىلىشمۇ توغرا ئەمەس، يەنە، ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى بولمىغان يات بىر ئايالغا قىلغان تالىقىمۇ توغرا ئەمەس، «تالاق پاچاقنى تۇتقان ئادەمگە مەنسۇپ»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ: «ئىگە بولمىغان ئايالنى تالاق قىلىش ھەققى بولمايدۇ» دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58147

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee